3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدىن كەلگەن خەۋەر

# ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسلارنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى لىن** خەۋەر قىلىدۇ: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسلارنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار، ئاسان قايتا نامراتلىشىپ كېتىدىغان، ئاسان نامراتلىشىپ كېتىدىغانلار ھەمدە كېسەل، ئاپەت، كۈتۈلمىگەن ھادىسە قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئاساسىي تۇرمۇشىدا ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلگەنلەرنى ھەرىكەتچان كۆزىتىپ ئۆلچەشنى قانات يايدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش ۋە بالدۇر ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن. مۇخبىر بۇنى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدىن ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قەرەللىك ھالدا نامراتلارنى يۆلەش تارماقلىرى بىلەن تۆۋەن كاپالەت، ئالاھىدە قىيىنچىلىق، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، مېيىپلەرنىڭ ئىككى تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارنى ئالماشتۇرۇپ، سېلىشتۇرۇپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىدىكەن، كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، سېلىشتۇرۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتە «بىرمۇ ئائىلىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ ئادەمنى قالدۇرۇپ قويماسلىق»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىكەن؛ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش سىياسىتىنىڭ سىجىللىقىنى ساقلاپ، تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە ھەرىكەتچان تەڭشەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، «يەككە كىشىلىك ئائىلە» «تەدرىجىي چېكىندۈرۈش مۇددىتى» ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەننەرخىنى، زۆرۈر چىقىمنى چىقىرىۋېتىپ ھېسابلاش، قىسمەن كىرىمنى ئائىلە كىرىمىگە قوشۇپ ھېسابلىماسلىق قاتارلىق سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇس ئىچىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ياكى قىسمەن يوقاتقان، ھەمدە كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ مۇقىم كىرىمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى يوقلارنى بەلگىلىمە بويىچە يېزا تۆۋەن كاپالىتى ياكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزىدىكەن ھەم قىيىنچىلىق تۈرى بويىچە مەخسۇس قۇتقۇزۇپ ياردەم بېرىپ، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇپ ياردەم بېرىپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى كاپالەتلەندۈرۈش، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، 2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن 15 تارماق، يەتتە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بىلەن ئۇچۇر سېلىشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچىنىدىغان ئائىلىلەر ۋە نامراتلىق گىرۋەكىدىكى ئائىلىلەرنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپتۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئون كىشى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچى» بولۇپ باھالاندى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى چۈنشيا**، پىراكتىكانت **ئاراشجاپ پامانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچىلەر ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىن كۈيتۇن شەھىرى تيەنخۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېگىرىش ئىشچىسى جېڭىسباي شىردىباي قاتارلىق ئون كىشى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچى» نامىغا، خوتەن ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى، مەكىت ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى «مەملىكەت بويىچە دېھقان ئىشلەمچىلەر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» نامىغا ئېرىشكەن.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچىلەر ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم تەقدىرلىنىدۇ. تەلەپ بويىچە، بۇ قېتىمقى باھالاش ئاساسلىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ دېھقان ئىشلەمچىلەر ۋە دېھقان ئىشلەمچىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئاساسىي قاتلام ۋە بىرىنچى سەپتىكى ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان دېھقان ئىشلەمچىلەر %90تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ يېشى 16 ياشتىن 60 ياشقىچە بولۇشى، نوپۇسى يېزىدا بولۇشى (نوپۇسى يېزىدا بولسىمۇ پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، شەھەرگە كىرىپ ئىشلەمچىلىك، تىجارەت قىلىۋاتقىنىغا ياكى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلىگىنىگە ئۈچ يىلدىن ئاشقان بولۇشى تەلەپ قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەقدىرلەنگەن ئون نەپەر مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر دېھقان ئىشلەمچىنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلام ۋە بىرىنچى سەپتىكى ئىش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى قاتناش شوپۇرى، كارخانا خىزمەتچىسى بار، يەنە ئەمگەك ھەمكارلىق كوپىراتىپى، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپى باشلامچىلىرىمۇ بار. ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورنىدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تېخنىكىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، نەتىجىسى ئەلا بولۇپ، ئۈلگىلىك ۋە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىغان؛ يۇرتىغا قايتىپ، يېزىدا قېلىپ ئىگىلىك تىكلەش، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يادرولۇق رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن، رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە، بايلىقلار مول توپلانغان بولۇپ، تەرەققىيات ئاساسىنى ھازىرلىغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش ئالاھىدە سىياسىتىنى چىقىرىپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى كۆپەيتىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى قىلدى، پۈتۈن شىنجاڭدا شەھەر ـ بازارلاردىكى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يىلىغا ئوتتۇرىچە 450 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن يىلىغا ئوتتۇرىچە 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ـــ شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان قوللاش سىياسىتى چىقىرىلدى. شىنجاڭنىڭ پاختا ھوسۇلى يۇقىرى، سۈپىتى ئەلا بولۇشتەك ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى تولۇق ئويلىشىلىپ، «شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» بېسىپ تارقىتىلىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس مەبلىغى تەسىس قىلىندى، مەركەز مالىيەسى ھەر يىلى 2 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇردى ھەم قوشۇلما قىممەت بېجىنى قايتۇرۇش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ۋە تەربىيەلەش ياردەم پۇلى، توشۇش ھەققى ياردەم تولۇقلىمىسى، توك باھاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. 2019 ـ يىلى، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مۇددىتى 2023 ـ يىلىغىچە ئۇزارتىلدى ھەم ئېتىبار بېرىش دائىرىسى باشقا ئالاقىدار ئەمگەك كۈجۈملەشكەن كەسىپلەرگىچە كېڭەيتىلدى.

ـــ ساياھەتچىلىك كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 49 مىليون ئادەم قېتىمدىن 213 مىليون ئادەم قېتىمغا كۆپەيدى، ساياھەت كىرىمى 65 مىليارد يۈەندىن 363 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى.

ـــ پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش قەرز پۇل قالدۇقى 112 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 58 مىليارد يۈەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان كىرېدىت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەندى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان قەرز پۇل قالدۇقى 755 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولدى.

## ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسى پۇختىلاندى

شىنجاڭنىڭ كۆلىمى چوڭ، يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ بولۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. مەركەز شىنجاڭنىڭ قاتناش، سۇچىلىق، ئېلېكتر تورى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، نەتىجە ـ ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى.

ـــ شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. «باي بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يول ياساش كېرەك.» 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ تۆمۈريول تىجارەت ئومۇمىي مۇساپىسى 6900 كىلومېتىرغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى تۆمۈريول ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى. يەكەن ئايرودرومى قاتارلىق ئۈچ ئايرودروم يېڭىدىن قۇرۇلۇپ قاتناش باشلاندى، شىنجاڭ رايونىدىكى پۇقراۋى ترانسپورت ئايرودرومىنىڭ سانى 2014 ـ يىلىدىكى 16دىن 21گە كۆپىيىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى مۇكەممەل بولغان ئايرودروم تورى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

ـــ شىنجاڭنىڭ سۇچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. مەركەزنىڭ سۇچىلىق سېلىنمىسىدىن جەمئىي 77 مىليارد 300 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ 16 تۈرلۈك قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ 172 تۈرلۈك سۇ تېجەش، سۇ بىلەن تەمىنلەشتىكى مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، نۆۋەتتە ھەممىسىدە قۇرۇلۇش باشلاندى، قۇرۇلۇش باشلاش سانى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. چوڭتاش سۇچىلىق تۈگۈنى، يۇرۇڭقاش سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق تاغلىق رايونلاردىكى تىزگىنلەش خاراكتېرلىك سۇ ئامبارلىرىدا قۇرۇلۇش باشلاندى. ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، يەكەن دەرياسىدىكى سۇ ئاپىتى خەۋپى ھەل قىلىنىپ، دەريا بويىدىكى 2 مىليون 400 مىڭ پۇقرا نەپكە ئېرىشتى.

ـــ شىنجاڭنىڭ توك تەقسىملەش تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزلىتىلدى. 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، جەمئىي 640 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر قۇرۇلۇشى فوندى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە مەركەز خامچوتى ئىچىدە 23 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بېرىلدى، 338 مىڭ ئائىلە كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىدىغان بولدى؛ ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئىلمىي، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭنىڭ ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 37 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، توك چىقىرىش گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمىنىڭ %38.7نى ئىگىلىدى.

## ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈش ئۆلچەم قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئۆلچەم قىلىپ، سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىپ، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى.

ـــ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 2019 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت مائارىپ خىراجىتى 86 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2014 ـ يىلىدىكىدىن %50.37 ئاشتى، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى. مەركەز ئالاھىدە ئىش ئورنى ۋە ئاپتونوم رايون ئالاھىدە ئىش ئورنى پىلانى يولغا قويۇلۇپ، كادىرلار مائارىپقا ياردەم بېرىش، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىراكتىكا قىلىش ئارقىلىق مائارىپقا ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 10 مىڭ ئوقۇتقۇچى مائارىپقا ياردەم بېرىش، «پېشقەدەملەر مائارىپقا ياردەم بېرىش پىلانى» قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى، 2014 ـ يىلىدىن بۇيان شىنجاڭغا جەمئىي 56 مىڭ ئوقۇتقۇچى تولۇقلاندى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار ئۈچ يىللىق مائارىپىدا يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى %97.51كە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى %99.97كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى %99.78كە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى %98.82كە، ئالىي مائارىپ بويىچە مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى %46.79كە يەتتى، بۇ، 2014 ـ يىلىدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %25.09، %0.16، %1.41، %14.87، %15.72 يۇقىرى بولدى.

ـــ شەھەر ـ بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. 2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدا 1 مىليون 690 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق ئۆي پۈتۈپ، شەھەر ـ بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىدا 1 مىليون 560 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق ئۆي پۈتۈپ، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئامما يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ھەمدە مۇستەھكەملەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزلىتىلىپ، 4 مىليون 620 مىڭ 900 دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

ـــ داۋالاش، سەھىيە ـ ساغلاملىق مۇلازىمىتى كۈچەيتىلدى. شەھەر ـ يېزىلارنى ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتى تورى بىلەن قاپلاش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، تېببىي دورا ـ سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يېزا ـ بازار شىپاخانىلىرى ۋە كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئاساسىي ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتىنىڭ كىشى بېشى ئۆلچىمى 2014 ـ يىلىدىكى 35 يۈەندىن 2019 ـ يىلىدىكى 69 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي دورا تۈزۈمى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى بىرىكتۈرۈش ۋە ئۆلكە ئاتلاپ باشقا جايدا داۋالىنىش ھەققىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇپ راسچوت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ـــ شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغان توك، گاز جەھەتتىكى ئىسلاھات قانات يايدۇرۇلدى. 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ئاھالىلەر ئىشلىتىدىغان توكنىڭ باھاسى ھەر كىلوۋات سائىتى 0.39 يۈەن قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، تەبىئىي گازنىڭ باش پونكىت باھاسى ھەر كۇب مېتىرى 1.04 يۈەن قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2485 كىلومېتىر كېلىدىغان، تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ تەبىئىي گاز ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشىپ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق گاز بىلەن تەمىنلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نەچچە مىليون ئاممىنىڭ مۇقىم گاز ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

## شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقى ئۆزلۈكسىز زورايتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر قىلدى. 2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە ھەر تەرەپلىمە نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن جەمئىي 96 مىليارد 400 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇقى يولغا قويۇلدى.

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭدىكى قەشقەر، خوتەندە 6 ـ قېتىملىق، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، كەسىپ، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، داۋالاش، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، تۈرلۈك كادىرلار، ئىختىساسلىقلاردىن جەمئىي 8965 كىشى تاللاپ ئەۋەتىلگەن، تۈرلۈك ئىختىساسلىقلاردىن تەخمىنەن 50 مىڭ ئادەم قېتىم يۇمشاق ئۇسۇلدا كىرگۈزۈلگەن.

كەسىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىن كىرگۈزۈلگەن كارخانىلارنىڭ نەقلەشتۈرگەن مەبلىغى 1 تىرىليون 684 مىليارد يۈەن بولدى. مەركەز كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا سالغان مەبلىغى 700 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، ئۈستىگە ئالغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تاماملانغان توختام سوممىسى 200 مىليارد يۈەندىن ئاشتى، يەرلىكتىكى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

**(«خەلق گېزىتى»نىڭ 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانىغا بېسىلغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)